# منیش میهربان ئانام



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

مېنىڭ ئانام ناھايىتى مېھرىبان، ئۇ مېنى توققۇز ئاي
جاپالىق قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان.



ئۇ مېنىڭ تۇنجى پەرۋىشكارىم. ئۇ مېنى كېچىلىرى تاتلىق ئۇيقۇلىرىدىن كېچىپ، ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغان



ئۇ مېنىڭ ئۇستا ئاشپىزىم. مېنىڭ ساغلام ۋە ئەقىللىق چوڭ بولۇشۇم ئۈچۈن ئۇ ھەرخىل مەززىلىك تائاملارنى، لەززەتلىك ئىچىملىكلەرنى تەييارلاپ بېرىدۇ.



ئۇ مېنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك قوغدىغۇچۇم. كېچىلىرى ئۇخلاۋېتىپ ئېچىلىپ قالسام توڭلاپ قالماسلىقىم ئۈچۈن، ئۇ شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، يېپىنچامنى ئۈستۈمگە تۈيدۇرماستىن يېپىپ قويىدۇ.



ئۇ مېنىڭ داڭلىق ھۆسن تۈزىگۈچۈم. مېنى گۈزەللىك تۇيغۇسى يۇقىرى چوڭ بولسۇن دەپ ئۇ ھەردائىم چاچلىرىمنى تاراپ، ياساپ قويىدۇ، كېيىم-كېچەكلىرىمنى يۇيۇپ، دەزماللاپ بېرىدۇ، يارىشىملىق كىيىندۈرۈپ قويىدۇ.



ئۇ مېنىڭ مۇلايىم دوختۇرۇم. كېسەل بولۇپ قالسام ماڭا دورا ئىچكۈزۈپ قويىدۇ، باشلىرىمنى سىلاپ مېھىر بېرىدۇ. ساقىيىشىمغا تەلمۈرۈپ بېشىمدا ئولتۇرىدۇ ۋە كېچە-كېچىلەپ ئۇيقۇسىز قېلىشقا رازى بولىدۇ.



ئۇ مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم. ئۇ ھەردائىم مەن بىلەن بىللە تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئوينايدۇ. مېنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ.



ئۇ مېنىڭ مېھنەتكەش خىزمەتكارىم. ئۇ ھۇجرامنى چىرايلىق بېزەپ بېرىدۇ، رەتلەشنى ئۇنتۇپ قالغان ۋاقىتلىرىمدا ئۆزى رەتلەپ، تازىلاپ بېرىدۇ.



ئۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك سىردىشىم. كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ يىغلىغان ۋاقىتلىرىمدا، ئۇ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ، ماڭا تەسەللى بېرىدۇ ۋە مېنى ئىللىق باغرىغا بېسىپ قۇچاقلايدۇ.



دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئىنسان پەقەت ۋە پەقەت مېنىڭ ئانام. مەن ئانامنى بەك ياخشى كۆرىمەن. ئاللاھىم، ئانامنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!

